سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# ۋاڭ - گۇ سۆھبىتى

1993 - يىلى 4 - ئايدا، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئىككى ئەل ئارا تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ۋاڭ داۋخەن بىلەن گۇ جېنفۇ سىنگاپوردا ئۇچراشتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىنىڭ ئالاقىلىشىش يولىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، 1991 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، چوڭ قۇرۇقلۇق تەرەپ دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقى مۇناسىۋىتى جەمئىيىتى قۇردى، ۋاڭ داۋخەن جەمئىيەت باشلىقى بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى 1990 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، تەيۋەن تەرەپ تەيۋەن دېڭىز بوغۇزى ئالماشتۇرۇش فوندى جەمئىيىتى قۇرغان بولۇپ، گۇ جېنفۇ تۇنجى باش مۇدىر بولغانىدى.

1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ۋاڭ داۋخەن گۇ جېنفۇغا خەت ئەۋەتىپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىككى جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلدى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، تەيۋەن دېڭىز بوغۇزى ئالماشتۇرۇش فوندى جەمئىيىتى سۆھبەتلىشىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. كۆپ قېتىملىق تەييارلىق خاراكتېردە كېڭەشكەندىن كېيىن، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقى مۇناسىۋىتى جەمئىيىتى بىلەن تەيۋەن دېڭىز بوغۇزى ئالماشتۇرۇش فوندى جەمئىيىتى ئۇل خاراكتېرلىك ئىشلارنى كېڭەشكەندە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، ھەرقايسىسى ئاغزاكى شەكىلدە «دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقى بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ»(كېيىن «92 - يىل ئورتاق تونۇشى» دەپ ئاتالدى) دەپ بايان قىلىپ، سۆھبەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە يول ھازىرلىدى.

1993 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، ۋاڭ داۋخەن بىلەن گۇ جېنفۇ سىنگاپوردا تۇنجى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقى، ئىككى جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى ھەم ئىككى قىرغاقنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، ھەمكارلىقى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، «ۋاڭ - گۇ سۆھبىتى ئورتاق كېلىشىمى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى شەكىللەندۈردى.

بۇ قېتىمقى ۋاڭ - گۇ سۆھبىتى 1949 - يىلدىن بۇيان ئىككى قىرغاق يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ ئەل ئارا نامىدا ئاشكارا ئېلىپ بارغان ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق سۆھبىتى ئىدى.

1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، تەيۋەن دېڭىز بوغۇزى ئالماشتۇرۇش فوندى جەمئىيىتىنىڭ باش مۇدىرى گۇ جېنفۇ ئەر - خوتۇن تەيۋەن دېڭىز بوغۇزى ئالماشتۇرۇش فوندى جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكىنى باشلاپ چوڭ قۇرۇقلۇقتا زىيارەتتە بولدى، ۋاڭ داۋخەن بىلەن گۇ جېنفۇ ئىككىنچى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

بۇ سۆھبەتلەر ئىككى قىرغاقنىڭ ئالماشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشتا ئۆزئارا ئىشەنچ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلاردا ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى. بولۇپمۇ سۆھبەت جەريانىدا «92 - يىل ئورتاق تونۇشى»دا چىڭ تۇرۇش تەكىتلىنىپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىنىڭ ئالماشتۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم ئۇل تاشقا ئايلاندى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# گاۋ شۇلى: تاكى قۇربان بولغۇچە جەڭگىۋار ھالىتىنى ساقلىغان خەلق قوغدىغۇچىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ، 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى جىڭ) ھەر يىلى 8 - ئايدا، شېنياڭ تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنجوۋ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدىكى يېڭى، ياش خەلق ساقچىلىرى گوۋباگزى بېكىتى ساقچىخانىسىدا ساقچىلىققا كىرىشتىكى 1 - سائەتلىك دەرسىنى باشلايدۇ. ئىنقىلابىي قۇربان گاۋ شۇلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسى، ساقچى فورمىسى ھەم ئۇنىڭ تاكى قۇربان بولغۇچە جەڭگىۋار ھالىتىنى ساقلىغانلىقى شېنياڭ تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

گاۋ شۇلى بەش خەلق ساقچىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن قوراللىق توپىلاڭچىلار بىلەن باتۇرانە ئېلىشىش جەريانىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، لى شيۇڭ، لى شىبو، لى شىخەيدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىھ زوراۋان ئۇنسۇر ئەنشەن، خەيچېڭ، تەيئەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش خەلق ساقچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ تاپانچىنى بۇلاپ، شۇ كۈنى كەچتە گوۋباگزى تەرەپكە قاچقان. سائەت 22دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، گوۋباگزى بېكىتى ساقچىخانىسى تېلېفوندا جىددىي تۇتۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان. سائەت 22دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، گاۋ شۇلى بىلەن خىزمەتدىشى ۋاڭ جېنباۋ تۇتۇش بۇيرۇقىنى كۆچۈرۈپ خاتىرىلەپ بولغاندىن كېيىن، دېجورنلۇق دەپتىرىنىمۇ ياپمايلا، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئىش ئورنىغا چىقىپ، پويىز كۈتۈش زالىنى ئالا قويماي ئاربلاپ ئەستايىدىل كۆزەتكەن.

سائەت 23لەردە، چاڭچۈندىن شىجياجۇاڭغا ماڭىدىغان 214 - قېتىملىق نۆۋەتچى پويىزنىڭ بېلىتىنى تەكشۈرۈش باشلانغان، گاۋ شۇلى دەرھال بېلەت تەكشۈرۈش ئېغىزىغا كېلىپ تۇتۇلماقچى بولغان قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى چارلاپ تەكشۈرگەن. كۆپ ساندىكى يولۇچىلار بېلەت تەكشۈرۈش ئېغىزىدىن ئۆتۈپ بولغاندا، گاۋ شۇلى پۈتى يارىلانغان بىر ئادەمنى بايقاپ، ئىنتايىن گۇمانلىق ھېس قىلغان. گاۋ شۇلى ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن بۇ ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ مۈرىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ يۇقىرى ئاۋازدا: «سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم؟» دەپ سورىغان. ھېلىقى ئادەم تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، گاۋ شۇلىغا ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئاتقان، گاۋ شۇلى شۇ زامان يەرگە يىقىلغان، ئېغىر يارىلانغان ئەھۋالدىمۇ، ئۇ يەنىلا جىنايەتچىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەي، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىرادە بىلەن قەيسەرانە ھالدا قاتىل بىلەن ئېلىشقان، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئەگىشىپ كەلگەن يەنە بىر قاتىل گاۋ شۇلىغا يەنە ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئاتقان. ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەن گاۋ شۇلى يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

گاۋ شۇلى ۋە سەپداشلىرىنىڭ جان تىكىپ توسۇپ زەربە بېرىشى ئۈچ جىنايەتچى ئۇنسۇرنىڭ قېچىش يولىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغان. ئۈچ جىنايەتچى ئۇنسۇر ۋوگزالدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، بىر شوپۇرنى تۇتقۇن قىلىپ ئۇدۇل شىمالغا مېڭىپ، بېيجېن ناھىيەسىنىڭ باۋجيا يېزىسىغا قېچىپ كەلگەن. 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى سائەت 7دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، جىنايەتچى ئۇنسۇرلار يوشۇرۇنۇۋالغان جاي نەچچە يۈز ھەربىي، ساقچى تەرىپىدىن قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئېلىنغان، قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئۈمىد قالمىغاچقا، جىنايەتچى ئۇنسۇرلار تۇتقۇننى ئامالسىز قويۇپ بەرگەن. ئارقىدىن، ھەربىي، ساقچىلار بىرلىشىپ شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان، لى شىخەي جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، لى شيۇڭ لى شىبونى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالغان.

ھايات - ماماتلىق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان گاۋ شۇلى 1980 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان سەممىي ھېسسىياتى بىلەن خىزمەتكە سادىق بولۇپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەر خىل جىنايەتچى ئۇنسۇردىن 134نى تۇسۇپ تۇتقان، باشقا جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ياردەملىشىپ 70 نەچچە دېلونى پاش قىلغان، يولۇچىلارغا 1297 ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن. ساقچىلىققا ئەمدى كىرگەن چاغدىلا، ئۇ قوراللىق توپىلاڭچىنى تىرىك تۇتۇش كەچۈرمىشنى باشتىن كەچۈرگەن. 1980 - يىلى 12 - ئايدا، ئىككى جىنايەتچى ئۇنسۇر جىنجوۋدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ قورال ئىسكىلاتىدىن «54» تىپلىق تاپانچىدىن بەشنى، 1100 نەچچە پاي ئوقنى ئوغرىلاپ كەتكەن. دېلو يۈزبەرگەندىن كېيىن، گاۋ شۇلى ۋە ساقچىخانىدىكى بارلىق ساقچىلار پۇقراچە كىيىنىپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارەت بىلەن ئىككى جىنايەت گۇماندارىنى تىرىك تۇتۇپ، ئوغرىلانغان بارلىق قورال ۋە ئوقلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

گاۋ شۇلى قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئېلىنغان، لياۋنىڭ ئۆلكىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىنغان.

ئىنقىلابىي قۇربان گاۋ شۇلى قۇربان بولغىلى 30 يىل بولدى، ھەر يىلى چىڭمىڭ بايرىمىدا، جىنجوۋ تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدىكى خەلق ساقچىلىرى جىنجوۋ شەھىرى ئەتراپىدىكى ماۋشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ قەبرە سۈپۈرۈپ، سەپدىشى گاۋ شۇلىنى چوڭقۇر ياد ئېتىدۇ. «گاۋ شۇلى گەرچە بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنداق مەردلەرچە كەتتى، بىز ياخشى سەپدىشىمىز، ياخشى قېرىندىشىمىزنى مەڭگۈ ياد ئېتىمىز» دېدى گوۋباگزى پويىز بېكىتى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خۇڭيۈەن.

# «پەرزەنت ئەسكەرلەرنىڭ ئانىسى» رۇڭ گۆەنشيۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر يەن چىلىي) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پىڭشەن ناھىيەسى شىبەيپو كۆرگەزمىخانىسىنىڭ 1 - كۆرگەزمە زالىدا «پەرزەنت ئەسكەرلەرنىڭ ئانىسى» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن بىر چوڭ قىزىل لەۋھە ھەرقاچان ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، بۇ لەۋھە ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىسى، «رۇڭ ئانا» رۇڭ گۆەنشيۇغا بېرىلگەن.



رۇڭ گۆەنشيۇنىڭ سۈرىتى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

رۇڭ گۆەنشيۇ، ئايال، 1896 - يىلى تۇغۇلغان، خېبېي پىڭشەندىن، 1938 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شياپەنسۇڭ كەنتى ئاياللار ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، 8 - ئارمىيە ياردار، كېسەللەرنى يۆتكەپ توشۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى بولغان. دۈشمەنگە قارشى شەپقەتسىز كۈرەش داۋامىدا، ئۇ پۈتۈن كەنتتىكى ئاياللارنى باشلاپ، پائال ئارمىيەنى ھىمايە قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىپ ياربدارلارنى قۇتقۇزغان. 1941 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ياپون قوشۇنى بىلەن قورچاق قوشۇن سەنشى - چاخار - خېبېي چېگرا رايونىدا ئۇدا كۆپ قېتىم مىسلىسىز پاجىئەلىك چوڭ «تازىلاش» قوزغىغان. «تازىلاش»قا قارشى جاپالىق يىللاردا، رۇڭ گۆەنشيۇ پۈتۈن كەنتتىكى ئاياللارنى باشلاپ جەڭچىلەرگە سۇ، تاماق توشۇغان، ياربدارلارنى يۆتكىگەن. دوختۇر ئىنتايىن كەمچىل، دورا ئاز بولغان شارائىتتا، ياربدارلارنى قۇتقۇزۇپ داۋالاش ئۈچۈن، ئۇ بارلىق ئامالىلارنى ئويلاپ چىققان، ئىلمان قايناق سۇ بىلەن جاراھەتلەرنى تازىلاپ يۇيۇپ، جۇڭيى ئۆسۈملۈك دورىلىرى بىلەن يارا ئېغىزىنى تاڭغان، ياربدارلارغا تاماقنى بىر قوشۇق، بىر قوشۇقتىن يېگۈزگەن. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇشى بىلەن، ئېغىر يارىلانغان، ھاياتى خەۋپتە قالغان 8 - ئارمىيەنىڭ نۇرغۇن كوماندىر - جەڭچىلىرىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، ئالدىنقى سەپكە قايتا ئاتلانغان. كىشىلەر ئۇنى سەممىيلىك بىلەن «رۇڭ ئانا» دەپ ئاتاشقان.

1944 - يىلى 2 - ئايدا، رۇڭ گۆەنشيۇ شەرەپ بىلەن سەنشى - چاخار - خېبېي چېگرا رايونىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك قەھرىمانلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، «بېيېۋ رايونىنىڭ ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىسى — پەرزەنت ئەسكەرلەرنىڭ ئانىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. شەرەپ ئالدىدا، رۇڭ گۆەنشيۇ مەغرۇرلانماي، ئالدىراقسانلىق قىلماي، مۇكاپات بېرىلگەن قىچىر بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمغا تەقدىم قىلىپ، ئاممىنى باشلاپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قوزغىغان، شۇ يىلى سەنشى - چاخار - خېبېي چېگرا رايونى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان.

ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، رۇڭ گۆەنشيۇ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، ئازاد رايوننى قوغداش ئۈچۈن، كەنتلەرگە بېرىپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ، ئەرلەرنى ئارمىيەگە قاتنىشىپ جەڭ قىلىشقا، ئاياللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان ھەم كەنجى ئوغلىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ يېتەكلىشىدە، ئىنقىلابىي كونا رايوندا، ئانا بالىسىنى ئەۋەتىدىغان، خوتۇنى ئېرىنى ئۇزىتىدىغان، ئاكا - ئۇكىلار بەسلىشىپ جەڭگە ئاتلىنىدىغان تەسىرلىك مەنزىرە بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئاياللارنى ھەربىي ئاياغ تىكىش، ھەربىي ئاشلىق يەتكۈزۈشكە پائال تەشكىللەپ، تۈرلۈك ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ۋەزىپىلىرىنى قالتىس تاماملىغان. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە، سەنشى - چاخار - خېبېي ئازاد رايوندا زور بىر تۈركۈم «رۇڭ گۆەنشيۇ گۇرۇپپىسى» بارلىققا كېلىپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، رۇڭ گۆەنشيۇ داۋاملىق ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئىنقىلابىي روھنى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، يۇرتىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشقان. داۋۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پىڭشەن ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، پىڭشەن ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي مۇدىرى بولغان. ئۇ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان زات سۈپىتىدە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان ھەم دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان. 1950 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان، كېيىن يەنە كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ۋە ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تەۋەلىرىگە ئېتىبار بېرىش تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1 - نۆۋەتلىكتىن 5 - نۆۋەتلىككىچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 3 -، 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 4 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ئىلگىرى مەملىكەتلىك «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» شەرىپىگە ئېرىشكەن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، يېشى 80دىن ئاشقان رۇڭ گۆەنشيۇ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا پائال قاتناشقان، تاغلىق رايوننىڭ نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسەتكەن. ئۇ خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرىگە بۇرۇنقىدەكلا كۆڭۈل بۆلگەن، ياشىنىپ، ئاجىزلاپ قالغىنىغا قارىماي، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىگە لەۋھە تەقدىم قىلىپ، ھال سوراش خېتى يېزىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم ھالدا ۋەتەننى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

1989 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، رۇڭ گۆەنشيۇ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان، شۇ يىلى 93 ياشتا ئىدى.

2018 - يىلى 9 - ئايدا، رۇڭ گۆەنشيۇنىڭ يۇرتى پىڭشەن ناھىيەسى نامرات ناھىيەلەر قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى. «نامراتلىق قالپىقى»نى تاشلىغان پىڭشەن ناھىيەسى تېخىمۇ ئۇلۇغۋار پىلانغا ئىگە بولدى — ئۇ بولسىمۇ شەھەر رايونى ئىككىلەمچى مەركىزى بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك، باي، مەدەنىي، ئىناق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەر قۇرۇشتىن ئىبارەت.

# ھويلا - ئاران ئىگىلىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىنى تومپايتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

2016 - يىلى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد داشۆسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ قاراقۇم كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى «بىر ئۈزۈم بارىڭى، بىر كۆكتاتلىق، بىر باغ، بىر قوتان»نى ئۆلچەم قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلىدى. بۇ يىل 10 - ئايغىچە، پۈتۈن كەنتتىكى 634 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىدىن 605 ئائىلە ھويلا - ئارانىنى ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە 202.

مۇختارنىڭ ھويلىسىدا، مۇخبىرلار باراڭدىكى سانجاق - سانجاق ئۈزۈم، باغ ۋە كۆكتاتلىقتىكى ئەنجۈر، چىلان، بەسەي قاتارلىقلارنىڭ ناھايىتى ئوخشىغانلىقىنى، قوتاندىكى 20 قوينىڭ بېشىنى كۆتۈرەمەي ئوت يەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«ئىلگىرى ھويلام بۇنداق ئەمەس ئىدى، پەقەت نەچچە تۈپ مېۋە دەرىخىلا بار ئىدى، قوتان بىلەن تۇرالغۇ رايونى ئايرىۋېتىلمىگەچكە، ھويلا ئىچى ناھايىتى مەينەت، ناھايىتى قالايمىقانىدى.» مۇختار ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «دەسلەپتە كەنت كادىرلىرى كۆپچىلىككە ھويلا - ئارانىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا چاقىرىق قىلغاندا، كۆڭلۈمدە تازا خالاپ كەتمىگەنىدىم. ھېلى كۆكتاتلىق قىلغان، ھېلى قوتان ياسىغان، بۇلارنى ئاۋارىچىلىك ھېس قىلغاچقا، پەقەت قىلغۇم كەلمىگەنىدى!»

كەنتتە بۇنداق قاراشتىكىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزە ئەزالىرى ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىدى، ئەمگەك كۈچى كەمچىل ئائىلىلەر ئۇچرىغاندا، دەرھال يېتىپ تۇرۇپ ياردەملىشىپ ئىشلىدى.

2018 - يىلى، 2019 - يىلى ئىككى يىلدا، كەنت 170 مىڭ تۈپ كۆكتات مايسىسى سېتىۋېلىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ھەقسىز تارقىتىپ بەردى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ كەنتكە كېلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى.

مۇختار قوتاندىكى سېتىلىش ئالدىدا تۇرغان قويلارغا قاراپ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ھازىر ئۆيۈمنىڭ ئىچى - تېشى چىرايلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ھەممىنىمۇ بارغانسېرى تومپايدى».

ھويلا - ئاران ئىگىلىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، يەنە بۇ ئېغىر نامرات كەنتتە كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن كەيپىيات ياراتتى. يولدا ماڭغاچ، مۇخبىرلار كەنت ئاھالىلىرى ياسىغان سۇ چىغىرىقلىرىنىڭ، قاپاقلار ساڭگىلاپ تۇرغان ئەگمە ئىشكىلەرنىڭ كەنتتە ئۆزگىچە گۈزەللىك بەخش ئەتكەنلىكىنى كۆردى.

«بەشكېرەم يېزىسى داڭلىق ‹مېۋە - چېۋە ماكانى›، مۇشۇ يىللاردا يېزا ئۈزۈم ئۈزۈش، ئانار ئۈزۈش بايرىمى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، كۆپلىگەن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، كەنتكە كېلىپ ساياھەت قىلىدىغانلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇ يىللا 30 مىڭ ئادەم قېتىم كەلدى.» قاراقۇم كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مەمتىمىن سىدىق مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، يېزا - كەنت ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتىمىز، دېھقانلار ئارامگاھى بىلەن سەيلە قىلغاچ مېۋە، كۆكتات ئۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈش نامرات ئاھالىلەرنى ئۆيدىن چىقمايلا كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇ».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)